# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2021 - يىل 2 - ئاي
6
شەنبە
维吾尔文 2 月6日
25329 - سان
بۈگۈن 8 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65–0002/–W  پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  تىيانشان تورى: www.ts.cn


## ماركسنىڭ ئالتە پارچە خەت - چەك قول يازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت، ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتىغا ساقلاشقا قويۇلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر سۇن شاۋلۇڭ)** ماركسنىڭ ئالتە پارچە خەت - چەك قول يازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ساقلاشقا قويۇش مۇراسىمى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ ئالتە پارچە خەت - چەك قول يازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدا، ماركسنىڭ «كاپىتال»نىڭ فىرانسۇزچە نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان چاغدىكى تارىخىي كۆرۈنۈش ۋە كونكرېت جەريان ھەققىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇ، ماركسنىڭ يۈكسەك غايىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، تۇسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئىدىيە يۇقىرى پەللىسىگە ئۆرلىگەنلىكىنىڭ جانلىق كارتىنىسى.

بۇ قېتىم ساقلاشقا قويۇلغان ماركسنىڭ ئالتە پارچە خەت - چەك قول يازمىسىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ چاغاننىڭ ئالدىدا گۈيجوۋغا بېرىپ ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى

# پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادەتلىك بولۇشىنى تىلىدى، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ گۈللىنىشى، باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنى تىلىدى



2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ گۈيجوۋغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى. سۈرەتتە: 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ بىجيې شەھىرى چيەنشى ناھىيەسىنىڭ شىنرېن مياۋزۇ يېزىسى خۋاۋۇ كەنتى مەدەنىيەت مەيدانىدا، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ، شياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارنىڭ چاغىنىنى تەبرىكلىدى. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى**



2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ گۈيجوۋغا كېلىپ تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھەرمىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى. سۈرەتتە: 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ گۈيياڭ شەھىرى گۈەنشەنخۇ رايونىدىكى خې لى خەلققە نەپ يەتكۈزۈش تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار تاللا بازىرىدا چاغانلىق مال سېتىۋېلىۋاتقان ئاممىا بىلەن سەممىمىي پىكىر ئالماشتۇرماقتا. □ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى شۆرېن فوتوسى**

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۈيياڭ، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى ــ دېھقانلار كالېندارى بويىچە كالا يىلىدىكى چاغان يېتىپ كېلىش پەيتىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ گۈيجوۋغا كېلىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى يوقلىدى، ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىقە، شىياڭگاڭلىق، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردىكى چياۋمىن قېرىنداشلارغا چاغانلىق گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى، كۆپچىلىكنىڭ تېنىنىڭ ساغلام، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، كالا يىلىنىڭ قۇتلۇق بولۇشىنى تىلىدى! ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ - دەريالىرىنىڭ گۈزەل، گۈللەپ ياشنىغان، باي - قۇدرەتلىك بولۇشىنى تىلىدى!

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، شى جىنپىڭ گۈيجوۋ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن يىچىن ۋە ئۆلكە باشلىقى لى بىڭجۈننىڭ ھەمراھلىقىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىجيې، گۈيياڭ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ، يېزا، مەھەللە، تاللا بازار قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈشتە بولدى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىنى يەتكۈزدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى يېپىلدى

### چېن چۈەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

### شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ قاتناشتى   شەۋكەت ئىمىن رىياسەتچىلىك قىلدى

«ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق پىلانى ۋە 2035 - يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسى» تەستىقلاندى، «ئاپتونوم رايوننىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنە رايون بەرپا قىلىش نىزامى» قاتارلىقلار ماقۇللاندى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى تۈرلۈك قارالمىلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن كېيىن شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى.

يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ دائىمىي رەئىسلىرى، ئىجرائىيە رەئىسلىرىدىن چېن چۈەنگو، شەۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۆ رەئىس سەھنىسىنىڭ ئالدىنقى رېتىدىن ئورۇن ئالدى. شەۋكەت ئىمىن يېپىلىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبلىمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۇنلىن، ۋاڭ مىڭشەن ۋە يىغىن ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئەزالىرى رەئىس سەھنىسىدىن ئورۇن ئالدى.




2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى شىنجاڭ خەلق سارىيىدا يېپىلدى. سۈرەتتە: يىغىن نەق مەيدانى. □ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى زوۋ يى فوتوسى**

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك ۋەكىل 536 نەپەر، ئەمەلىي قاتناشقىنى 484 نەپەر بولۇپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا جۇ خەيلۇن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەلنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق، باش كاتىپلىق ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بېرىش ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى قارار ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى؛

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

**شىنجاڭ گېزىتى باش ماقالىسى**

**يېڭى ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ مەردانە قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيلى!**

ــ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىككى يىغىنىنىڭ غەلىبىلىك يېپىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

5 - بەتتە

## ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 5 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى

ئانار بۇلۇت\ شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي، يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى ھەيئەت رىياسىتى 5 - قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

□ **پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز**

## پومپېئونىڭ رەزىل ئەپت - بەشىرىسى ۋە ئىپلاس قىلمىشىنى ئېنىق كۆرۈپ يېتەيلى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى   مەمتىمىن زاكىر

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى «ئەسىر يالغان - ياۋىداق سۆزى»نى ئېلان قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىم بولغان، تەرەققىي قىلغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەستە قولغا كەلگەن بەختلىك تۇرمۇشىغا خالىغانچە تۆھمەت قىلىپ،

(ئاخىرى 8 - بەتتە)

## «ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى»نىڭ تەختتىن چۈشۈش ئالدىدىكى يالغان - ياۋىداق سۆزلىرى ۋە سۇيىقەستى

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى   مەمەتجان ئەمەت

ئىلگىرى «ئامېرىكا ژۇرنال مۇكاپاتى»نىڭ ئەڭ ياخشى تور بېكەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «Slate» ژۇرنىلى ماقالە ئېلان قىلىپ، پومپېئوغا «تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ناچار دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى» دەپ باھا بەرگەن، مەن بۇنىڭغا تامامەن قوشۇلىمەن!

(ئاخىرى 8 - بەتتە)